شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 4 - ئاي
10
جۈمە
维吾尔文 4 月10日

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
CN 65—0002/—W :مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى

新疆日报 شينجاڭ گازەتى

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25027 - سان بۈگۈن 4 بەت

# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن «تېخىمۇ مۇكەممەل بولغان مۇھىم ئامىللارنى بازارلاشتۇرۇپ تەقسىملەش تۈزۈلمە مېخانىزمىنى ئورنىتىش توغرىسىدىكى پىكىر»نى ئېلان قىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 4 - ئاينىڭ 9 - كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن يېقىندا «تېخىمۇ مۇكەممەل بولغان مۇھىم ئامىللارنى بازارلاشتۇرۇپ تەقسىملەش تۈزۈلمە مېخانىزمىنى ئورنىتىش توغرىسىدىكى پىكىر»نى ئېلان قىلدى.

«پىكىر»دە مۇنۇلار تەكىتلەندى: مۇھىم ئامىللارنى بازارلاشتۇرۇپ تەقسىملەشنى مۇكەممەللەشتۈرۈش — بىر تۇتاش ئېچىۋېتىلگەن، تەرتىپلىك رىقابەتلىشىدىغان بازار سىستېمىسى بەرپا قىلىشنىڭ ئىچكى تەلىپى، سوتسىيالىستىك ئاساسىي ئىقتىسادىي تۈزۈمدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى تېز مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## شى جىنپىڭ جاۋاب خەت يېزىپ ۋۇخەن دۇڭخۇ شىنچېڭ مەھەللىسىدىكى بارلىق مەھەللە خىزمەتچىلىرىنى ئىلھاملاندۇردى

# يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىكى تورلۇق خىزمەتلەرنى ئىنچىكە تۇتۇپ، پۇختا تۇتۇپ، چىن قەلب، چىن ھېسسىيات بىلەن ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىڭلار

### جاۋاب خەت

**ۋۇخەن دۇڭخۇ شىنچېڭ مەھەللىسىدىكى بارلىق مەھەللە خىزمەتچىلىرىگە:**

ياخشىمۇسىلەر، يازغان خېتىڭلارنى تاپشۇرۇۋېلىپ مەزمۇنىدىن خەۋەر تاپتىم. مەن ۋۇخەندىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ۋۇخەندىكى كەڭ كادىرلار، ئاممىنى ئىزچىل ياد ئېتىپ تۇردۇم، سىلەرنىڭ مەھەللىڭلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋۇخەندىكى ھەرقايسى مەھەللىلەردە تۇرمۇش تەدرىجىي ئەسلىگە كېلىپ نورماللىشىۋېتىپتۇ، مەن بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇشال بولدۇم.

بۇ مەيدان مىسلى كۆرۈلمىگەن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش كۈرىشىدە، شەھەر - يېزىلاردىكى كەڭ مەھەللە خىزمەتچىلىرى مەھەللىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشكە قاتناشقان ھەرقايسى تەرەپلەردىكى خادىملار بىلەن بىرلىكتە خەۋپ - خەتەردىن قورقماي، ئىنتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن جەڭ قىلدى، بولۇپمۇ مەھەللىلەردىكى كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار ئۆزى ئۈلگە بولۇپ، ئاتاكىدا ئالدىغا ئۆتۈپ، بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش، ئاممىۋى ئالدىنى ئېلىش، ئاممىۋى تىزگىنلەشنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىنى شەكىللەندۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خەلق ئۇرۇشىدا غەلىبە قىلىشتىكى ئۇلۇغ كۈچنى تولۇق نامايان قىلدى. مەن سىلەردىن سەممىي ھال سورايمەن!

ھازىر، ۋۇخەندە ۋۇخەندىن ئايرىلىش، خۇبېيدىن ئايرىلىش يوللىرىدىكى باشقۇرۇش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرى بىكار قىلىندى، لېكىن ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋەزىيىتىنى بوشاشتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ. مەھەللە يەنىلا سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىچكى جەھەتتە قايتا كۆرۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى مۇھىم مۇداپىئە لىنىيەسى، يېڭى ۋەزىيەتتە ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى دائىملاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇش ئاچقۇچ. سىلەرنىڭ ئۇدا جەڭ قىلىش ئىستىلىنى جارى قىلدۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىكى تورلۇق خىزمەتلەرنى ئىنچىكە تۇتۇپ، پۇختا تۇتۇپ، چىن قەلب، چىن ھېسسىيات بىلەن ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىشىڭلارنى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خەلق ئۇرۇشى، ئومۇمىي جېڭى، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە ئۈزۈل - كېسىل غەلىبە قىلىش ئۈچۈن يەنە يېڭى تۆھپە قوشۇشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

**شى جىنپىڭ**

2020 - يىلى 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 4 - ئاينىڭ 9 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 4 - ئاينىڭ 9 - كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ۋۇخەن شەھىرىنىڭ دۇڭخۇ شىنچېڭ مەھەللىسىدىكى بارلىق مەھەللە خىزمەتچىلىرىگە جاۋاب خەت يېزىپ، شەھەر - يېزىلاردىكى كەڭ مەھەللە خىزمەتچىلىرىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش كۈرىشىدە ئوينىغان مۇھىم رولىنى يەنە بىر قېتىم مۇئەييەنلەشتۈردى، ئۇلاردىن سەممىي ھال سورىدى ھەم ئۇلارنى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خەلق ئۇرۇشى، ئومۇمىي جېڭى، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە ئۈزۈل - كېسىل غەلىبە قىلىش ئۈچۈن يەنە يېڭى تۆھپە قوشۇشقا ئىلھاملاندۇردى.

شى جىنپىڭ جاۋاب خېتىدە مۇنداق دېدى: مەن ۋۇخەندىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ۋۇخەندىكى كەڭ كادىرلار، ئاممىنى ئىزچىل ياد ئېتىپ تۇردۇم، سىلەرنىڭ مەھەللىڭلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋۇخەندىكى ھەرقايسى مەھەللىلەردە تۇرمۇش تەدرىجىي ئەسلىگە كېلىپ نورماللىشىۋېتىپتۇ، مەن بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇشال بولدۇم.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)




## جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ قازاقىستانغا بېرىپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش داۋالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى يولغا چىقتى

**4 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ قازاقىستانغا بېرىپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش داۋالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ئۈرۈمچى دىۋوپۇ خەلقئارا ئايروپورتىدا يولغا چىقىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى.**

**□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جوۋ پېڭ فوتوسى**

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **يۈەن لىي** خەۋەر قىلىدۇ: قازاقىستان ھۆكۈمىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، 4 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ قازاقىستانغا بېرىپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش داۋالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ئۈرۈمچىدىن يولغا چىقتى، ئۇلار قازاقىستانغا بېرىپ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشقا ياردەملىشىدۇ. مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنى دۆلەت سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتى تەشكىللىگەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تاللاپ ئەۋەتكەن.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت(كېڭەيتىلگەن) يىغىنىدا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھى قاتارلىقلار يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى

# دەل جايىدا ئالدىنى ئېلىپ - تىزگىنلەپ، خىرىسنى پۇرسەتكە ئايلاندۇرۇپ، پۇرسەتنى تېزدىن تۇتۇپ، جاسارەت بىلەن ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى دائىملاشتۇرۇش جەريانىدا ئىقتىسادنىڭ ئايلىنىش سۈپىتى، ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش كېرەك

## چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىڭرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 4 - ئاينىڭ 9 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت(كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئېچىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھى ۋە ۋۇخەن دۇڭخۇ شىنچېڭ مەھەللىسىدىكى بارلىق مەھەللە خىزمەتچىلىرىگە يازغان جاۋاب خېتىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، ئۆگەندى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش پىكرىنى تەتقىق قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئەمەلدە ئاشۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، تاشقى مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە بىرقەدەر ئۇزاق ۋاقىت تاقابىل تۇرۇشتىكى ئىدىيە تەييارلىقى ۋە خىزمەت تەييارلىقىنى ياخشى ئىشلەپ، ئۆزگىرىشكە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىنتىلىپ، خىرىسنى پۇرسەتكە ئايلاندۇرۇپ، پۇرسەتنى تېزدىن تۇتۇپ، جاسارەت بىلەن ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى دائىملاشتۇرۇش جەريانىدا ئىقتىسادنىڭ ئايلىنىش سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، پۈتۈن يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى نىشان - ۋەزىپىلەرنى ئومۇميۈزلۈك تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە ئومۇميۈزلۈك غەلىبە قىلىش، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئىناق، مۇقىم بولۇشىنى ساقلاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

بىرىنچىدىن، ئاخىرىدىمۇ باشتىكىدەكلا ئېھتىياتچان بولۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى ياخشى تۇتۇش كېرەك. قىلچە بوشاشماي يېڭى ۋەزىيەتتىكى ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى دائىملاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇپ، سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىچكى جەھەتتە قايتا كۆرۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، چېگرا پورتلىرىنى باشقۇرۇش ۋە سەھىيە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، چېگرادىن كىرگەن خادىملارنى پۈتۈن جەريانلىق يېپىق ھالقىسمان باشقۇرۇشنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلارغا قارىتا دەل جايىدا ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى ياخشى ئىشلەپ، نۇقتىلىق سورۇنلاردا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى كۈچەيتىپ، مەھەللىلەرنىڭ باشقۇرۇش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ئەلالاشتۇرۇپ، مەھەللە خىزمەتچىلىرىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، كۆيۈنۈپ، بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش - بىرلىشىپ تىزگىنلەش، ئاممىۋى ئالدىنى ئېلىش - ئاممىۋى تىزگىنلەشنىڭ پۇختا مۇداپىئە لىنىيەسىنى بەرپا قىلىپ، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنىڭ نەتىجە - ئۈنۈمىنى سىجىل مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىش كېرەك.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

لى پېڭشىن ئۈرۈمچىدە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇش باشلاش، دەرسنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە مەكتەپلەرنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى

# پارتىيە ئۈچۈن ئادەم تەربىيەلەش، دۆلەت ئۈچۈن ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش بازىسىنى قەتئىي ياخشى قوغداش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ جىيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مائارىپ خىزمىتى كومىتېتىنىڭ شۇجىسى لى پېڭشىن شىنجاڭ تىيانشان كەسپىي تېخنىكا شۆيۈەنى، شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد داشۆسىدە ئوقۇش باشلاش، دەرسنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە مەكتەپلەرنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسى بويىچە، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئوقۇش باشلاشتىكى تورلۇق خىزمەتلەرنى تېخىمۇ ئىنچىكە، تېخىمۇ قاتتىق ياخشى ئىشلەپ، مەكتەپ بىخەتەرلىكى، ئوقۇش تەرتىپى، يۇقۇمدىن مۇداپىئەلىنىشنىڭ جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، پارتىيە ئۈچۈن ئادەم تەربىيەلەش، دۆلەت ئۈچۈن ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش بازىسىنى قەتئىي ياخشى قوغداش كېرەك.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

**منۇت - سېكۇنتنى قولدىن بەرمەي چىڭ تۇتۇش پەيتنى قولدىن بەرمەي ئىشلەش**

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىجتىمائىي مۇلازىمەت بىلەن تولۇق كاپالەتلەندۈرۈش قۇرۇلۇشى مەركەزنىڭ خامچوت ئىچىدىكى 252 مىليون يۈەن مەبلەغكە ئېرىشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **شى شىن** خەۋەر قىلىدۇ: يېقىندا دۆلەت تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىجتىمائىي مۇلازىمەت بىلەن تولۇق كاپالەتلەندۈرۈش قۇرۇلۇشىغا 2020 - يىللىق تۇنجى تۈركۈمدىكى مەركەزنىڭ خامچوت ئىچىدىكى 252 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانىنى چۈشۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 39 تۈر قۇرۇلۇشىنى قوللىدى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

## كەسپ زەنجىرىدىكى «توسۇق نۇقتا»لارنى راۋانلاشتۇرۇش

گۇاڭخۇي ئېنېرگىيەسى بىرلەمچى، ئىككىلەمچى كارخانىلارنىڭ ھەمكارلىشىپ ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ما يىنىڭ**، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز **لىيۇ شياڭيىڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، گۇاڭخۇي ئېنېرگىيەسى قومۇل نوم كۆمۈر - خىمىيە سانائىتى بازىسىدىكى ھەرقايسى كارخانىلارنىڭ سېخلىرىدا قايناق - تاشقىنلىققا چۆمگەن ئىشلەپچىقىرىش مەنزىرىسى بارلىققا كەلگەندى. گۇاڭخۇي ئېنېرگىيەسى پاي چەكلىك شىركىتى ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش جەريانىدا كەسپ زەنجىرىدىكى «توسۇق نۇقتا»لارنى راۋانلاشتۇرۇپ، باشلامچى كارخانىلارنىڭ يېتەكچىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، بىرلەمچى، ئىككىلەمچى كارخانىلارنىڭ ھەمكارلىشىپ ئىشلەپچىقىرىشىغا تۈرتكە بولدى.

ھازىر، گۇاڭخۇي ئېنېرگىيەسى يۇقىرى ئېقىمدا نېفىت - گاز بايلىقىنى چارلاپ ئېچىش، ئوتتۇرا ئېقىمدا تەبىئىي گازنى سۇيۇلدۇرۇش ۋە يۇرۇشلەشكەن ئەشيا ئوبوروتى، ئوتتۇرا ھالقا ترانسپورتى، تۆۋەن ئېقىمدا LNG قاچىلاش پونكىتى قاتارلىق تېرمىنال بازىرىدا سېتىش تورىنى بىر گەۋدە قىلغان مۇكەممەل ئېنېرگىيە كەسپ زەنجىرىنى شەكىللەندۈردى.

گۇاڭخۇي ئېنېرگىيەسى قارمىقىدىكى تارماق شىركەت شىنجاڭ گۇاڭخۇي يېڭى ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتى خىمىيە سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانا، شىركەت ئىشلەپچىقارغان مېتىل ئالكوگول مەھسۇلاتى ئالىي دەرىجىلىك داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان توقۇلمىسىز رەختنىڭ خام ماتېرىيالى، داۋالاش ئۆسكۈنىلىرى زاپچاسلىرى خام ماتېرىيالىنىڭ ئاساسلىق ماتېرىيالى، ئىشلەپچىقارغان ئاممونىي سۇلفات ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا ئىشلىتىلىدىغان خىمىيەۋى ئوغۇتنىڭ مۇھىم ماتېرىيالى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

# غايە - ئېتىقادنى چىڭىتىپ، تىرىشىپ سادىق قوغدىغۇچىلاردىن بولىمىز

—— ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى يولداش جاسارەت مەخسۇتنىڭ ئىش ئىزلىرى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە كادىرلىرى ئارىسىدا كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى

**□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جاڭ يۈنمېي**

ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى يولداش جاسارەت مەخسۇت خىزمەت ئورنىدا تۇيۇقسىز كېسەللى قوزغىلىپ قېلىپ، بەختكە قارشى خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولدى، ئۇنىڭغا ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى تەرىپىدىن «ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى» دەپ تولۇقلاپ نام بېرىلدى ھەم ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى تەرىپىدىن «پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر ئىنتىزام تەكشۈرۈش - رېۋىزىيە كادىرى» دەپ تولۇقلاپ نام بېرىلدى. ئۇنىڭ ئىلغار ئىش ئىزلىرى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە كادىرلىرىنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈردى. كۆپچىلىك بىردەك مۇنداق بىلدۈردى: يولداش جاسارەت مەخسۇتتىن ئۆگىنىپ، غايە - ئېتىقادنى چىڭىتىپ، تىرىشىپ پارتىيەگە يۈز كېلەلەيدىغان، خەلققە يۈز كېلەلەيدىغان، دەۋرگە يۈز كېلەلەيدىغان سادىق قوغدىغۇچىلاردىن بولىمىز.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)